# شنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي 6 چارشەنبە
维吾尔文 5 月6日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25053 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭ ئىچى ساياھىتى قايتىدىن ئاۋاتلاشتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رىن جياڭ ياۋ گاڭ

«1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتىدە، شىنجاڭ ئىچى ساياھەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھەت بازىرىنىڭ ئاۋاتلىشىشى، ساياھەتنىڭ تەرتىپلىك بولۇشى، مۇلازىمەت ـ باشقۇرۇشنىڭ جايىدا بولۇشى، ساياھەتنىڭ بىخەتەر، مۇقىم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 4 مىليون 402 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30.31% ئاشتى؛ ساياھەت كىرىمى 1 مىليارد 778 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئەسلىگە كېلىش نىسبىتى 74.56% بولدى.

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتتىق بولدى، ساياھەت تەرتىپلىك بولدى**

ئاپتوموبىللار دېزىنفېكسىيە قىلىندى، ساياھەتچىلەر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى، ساغلاملىق كودى تەكشۈرۈلدى، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەندى، بىر مۇبىر تىزىملاندى، ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۆچىرەت تۇرغۇزۇلدى، سەييارە يېتەكلەندى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



### دۆلىتىمىز ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنىڭ «3 ـ قەدەم» ۋەزىپىسىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى

# چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تېلېگراممىا ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى توغرىسىدىكى تەبرىك تېلېگراممىسى

**ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى بوشلۇق پونكىتى باسقۇچى ئۇچۇش ۋەزىپىسى باش قوماندانلىق ئىشتابى ھەم چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسىگە قاتناشقان ئەتقىقاتقا، سىناققا قاتناشقۇچى ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە بارلىق يولداشلار:**

چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، تەتقىقاتقا، سىناققا قاتناشقۇچى ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە بارلىق يولداشلار ئىتتىپاقلىشىپ جان تىكىپ ئىشلەپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرى قاتارلىق قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېڭىپ، تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدەك مۇھىم، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە سىلەردىن سەممىي ھال سورايدۇ!

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەينەن ۋېنچاڭ، 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (لى گولى، شياۋ جيەنجۈن)** دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك بوشلۇق پونكىتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەتقىق قىلىپ ياسالغان چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خەينەن ۋېنچاڭدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، دۆلىتىمىز ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنىڭ «3 ـ قەدەم» ۋەزىپىسىنىڭ مۇقەددىمىسى رەسمىي باشلاندى.

كوكۇس شاملى زۇمرەتتەك دېڭىز سۈيىنى سىيپاپ ئۆتتى، خاسىيەتلىك راكېتا ئاسماننىڭ قەرىگە ئۇچتى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت 18دىن 0 مىنۇت ئۆتكەندە، چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتا يېڭى بىر ئەۋلاد ئادەملىك ئالەم كېمىسىنىڭ سىناق ئالەم كېمىسى ۋە يۈمشاق كۆپتۈرمىلىك قايتىش مال بۆلۈمچىسىنىڭ سىناق بۆلۈمچىسىنى ئېلىپ، ۋېنچاڭ ئالەم قاتنىشى قويۇپ بېرىش مەيدانىدا ئوت يېقىلىپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى. تەخمىنەن 488 سېكۇنتتىن كېيىن، يۈك كۆتۈرۈش بىرىكمە گەۋدىسى راكېتا بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئايرىلىپ ئالدىن بېكىتىلگەن ئوربىتىغا كىردى، دۆلىتىمىزنىڭ بوشلۇق پونكىتى باسقۇچىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسى غەلىبىلىك بولدى.

چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتا چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر توشۇغۇچى راكېتا ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىپ تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، ئاساسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ بوشلۇق پونكىتى بۆلمە بۆلىكى قاتارلىق مۇھىم، زور ئالەم قاتنىشى قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 53.7 مېتىر، ئۆزەكنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك دىيامېتىرى بەش مېتىر بولۇپ، دىيامېتىرى 3.35 مېتىر بولغان تۆت ئىتتىرگۈچ باغلانغان، ھاۋا ئېقىمىنى تەڭشەش قاپىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20.5 مېتىر، دىيامېتىرى 5.2 مېتىر كېلىدۇ، زەھەرسىز، بۇلغىمىسىز سۇيۇق ئوكسىگېن، سۇيۇق ھىدروگېن ۋە كىرسىن ئىتتىرگۈچ ماددا قىلىنغان، ئۇچۇش ماسسىسى تەخمىنەن 849 توننا، يەرگە يېقىن ئوربىتىدىكى توشۇش ئىقتىدارى 22 توننىدىن يۇقىرى بولۇپ، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ يەرگە يېقىن ئوربىتىدىكى توشۇش ئىقتىدارى ئەڭ چوڭ راكېتا ھېسابلىنىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

باغلىنىش

### دۆلىتىمىز 2022 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئادەملىك ئالەم كېمىسىدىن تۆتنى قويۇپ بېرىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەينەن ۋېنچاڭ، 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (لى گولى، دىڭ مىڭ)** 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچتە ئېچىلغان چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، جۇڭگو ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىر ياردەمچىسى جى چىمىڭنىڭ ئاشكارىلىشىچە، دۆلىتىمىز 2022 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بوشلۇق پونكىتى قۇرۇشنى پىلانلىغان، بۇ مەزگىلدە شېنجوۋ ئادەملىك ئالەم كېمىسىدىن تۆتنى قويۇپ بېرىلىدىكەن. ھازىر، ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان ئالەم ئۇچقۇچىلىرى گۇرۇپپىسى تاللاپ بېكىتىلىپ، ۋەزىپە مەشقىنى قانات يايدۇرۇۋېتىپتۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

◄ 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك بوشلۇق پونكىتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەتقىق قىلىپ ياسالغان چاڭجېڭ 5 ـ نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ خەينەن ۋېنچاڭدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، دۆلىتىمىز ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنىڭ «3 ـ قەدەم» ۋەزىپىسىنىڭ مۇقەددىمىسى رەسمىي باشلاندى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (تۇ خەيچاۋ فوتوسى)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار بايراملىق دەم ئېلىشتا ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى سىجىل قويۇپ بەردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

بۇ قېتىمقى «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئىستېمال بازىرىدا باھار كېلىپ، گۈللەر ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىستېمالنى جانلاندۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى قويۇپ بېرىپ، قوللاش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، سېتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئىستېمال تەمىناتىنى كېڭەيتىپ، ئىستېمال بازىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن كۈچىنى سىجىل قويۇپ بەردى.

**ئىستېمال بېلىتىنىڭ تۈرتكە بولۇش نىسبىتى 15 : 1 تىن ئېشىپ كەتتى**

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى خاۋبېي تۇرمۇش تاللا بازىرىدا، ماسكا تاقىۋالغان خېرىدارلار پۇل ئېلىش ئورنىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتاتتى.

«ھۆكۈمەت چىقىمدان ئارقىلىق ئىستېمال بېلىتى تارقىتىپ ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇردى، تاللا بازىرىمىز ھەركۈنى چىقىمدان ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان سومما 80 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە يېتىپ، تىجارەت سوممىسىنىڭ 35% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭغا سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ئېتىبار تەدبىرلىرىنىڭ جەلپ قىلىشى قوشۇلۇپ، خېرىدار ئېقىمى بايراملىق دەم ئېلىشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 50% ئەتراپىدا كۆپەيدى» دېدى تاللا بازىرىنىڭ خېرىدارلار مۇلازىمىتىگە مەسئۇل باشقۇرغۇچىسى ۋېي لىنا.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى 3 ـ قارارلىق ئىستېمال بېلىتىنى تارقاتتى. چىقىمدان سۈپىسىنىڭ ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



▼ 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى دەنزىل بازىرىنىڭ بوغدا كەنتىدىكى ئوسما تېرىقچىلىق بازىسىدا سەيلە قىلماقتا.

□ چۈ. خورە فوتوسى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## ئاپتونوم رايون ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇردى، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خې خۇڭۋېينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتوموبىل ئىستېمالىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، كېچىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، پىيادىلەر كوچىلىرىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، بېسىلىپ قالغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولۇش، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەر تەرەپلىمە تۈرتكە بولۇش... يېقىندا، ئاپتونوم رايون ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى 16 تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى جۇڭگو بانكىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلىكتە «تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش مەخسۇس پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى لايىھەسى»نى تۈزدى. «مۇلازىمەت لايىھەسى»گە ئاساسەن، جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى 3 مىليارد يۈەنلىك مەخسۇس ئىناۋەتلىك قەرز پۇل نورمىسى تەسىس قىلىپ، تاشقى سودا ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سېلىنمىسىنى كېڭەيتىپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ سودا مەبلىغى يۈرۈشتۈرۈش ۋە پېرېۋوت قوبۇل قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئېھتىياجىنى ئالدىن قاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)